# يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرايلى

### — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزىنى ئۆگىنىش، ئىزچىللاشتۇرۇش توغرىسىدا

□ خەلق گېزىتى ئوبزورچىسى

هازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدە، شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ مۇقىم قىلىپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇپ، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇپ، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۇرۇپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى كاپالەت قىلىپ، ئۇزاق كەلگۈسى پىلان ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنىپ، ئاساسنى پۇختىلاش تەدبىرلىرىنى كۆپرەك قوللىنىپ، تىرىشىپ ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. (ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

2020 ـ يىل 9 ـ ئاي
28
دۈشەنبە
维吾尔文 9 月28日

# شىنجاڭ گېزىتى

新疆日报

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65−0002/−W :مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1−57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 25198 ـ سان بۈگۈن 4 بەت

## 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
## تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىندا 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى يەتكۈزۈلدى، ئۆگىنىلدى

# يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىش كېرەك

### چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز **ياۋ تۈك، ۋاڭ شىڭرۇي** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 27 ـ كۈنى چۈشتىن بۇرۇن، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى دائىمىي كومىتېت(كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ئېچىپ، 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى يەتكۈزدى، ئۆگەندى، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندا ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتىنى ئورۇنلاشتۇردى، ئورۇنلاشتۇرما قىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى چېن چۈەنگو يىغىنغا رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: دۆلەتىمىز ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان باسقۇچتا، ئومۇمىيۈزلۈك سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇش يېڭى مۇساپىسى پات ئارىدا باشلىنىدىغان تارىخىي پەيتتە، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنى ئېچىپ، هازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى شىنجاڭ خىزمىتىنى تەتقىق قىلىپ ئورۇنلاشتۇرما قىلدى، باش شۇجى شى جىنپىڭ ئۆزى قاتناشتى ھەم مۇھىم سۆز قىلدى، بۇ، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ شىنجاڭ خىزمىتىگە يۈكسەك ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى تولۇق گەۋدىلەندۈردى، باش شۇجىنىڭ شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىغا رىشتە باغلىغان داھىيلىق مېھىر ـ مۇھەببىتىنى تولۇق نامايان قىلدى. باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ مەزمۇنى يۈكسەك، ئىدىيەسى چوڭقۇر، ماھىيەتلىك مەزمۇنى مول بولۇپ، ئۇنىڭدا 2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان شىنجاڭ خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن مۇھىم، زور نەتىجە ـ ئۇتۇم ئومۇمىيۈزلۈك خۇلاسىلىنىپ، هازىر شىنجاڭ خىزمىتى دۇچ كەلگەن ۋەزىيەت چوڭقۇر تەھلىل قىلىنىپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى شەرھلىنىپ، هازىر ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىلدىكى شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيەسى، نىشان ـ ۋەزىپىلىرى، فاڭجېن ـ سىياسەتلىرى، ئىستراتېگىيەلىك تەدبىرلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇلۇپ، شىنجاڭنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىكىگە تۈرتكە بولىدىغان نۇقتىلىق خىزمەتلەر ئومۇمىيۈزلۈك ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى، ناھايىتى كۈچلۈك سىياسىيلىكى، ئىدىيەۋىلىكى، نەزەرىيەۋىلىكى ئىگە بولۇپ، ماركسىزم ھەقىقەتنىڭ نۇرىنى جۇلالاندۇرۇپ، شىنجاڭنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى يەنىمۇ ياخشى ئىشلەشكە ئالغا ئىلگىرىلەش يۆنىلىشى كۆرسىتىپ بەردى، تۈپ مىزان بىلەن تەمىنلىدى، قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشتى، بۇ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پىروگراممىلىق ھۆججەت، شىنجاڭ خىزمىتىدە توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش، غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان قۇدرەتلىك ئىدىيەۋى قورال. بىز شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، چوڭقۇر ئىزلەشتۈرۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، زۇڭلى لى كېچياڭ، رەئىس ۋاڭ ياڭنىڭ سۆزىنىڭ تەلىپى بويىچە، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىش، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ مۇقىم قىلىش، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇش، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇش، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئىدارە قىلىش سىستېمىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئىقتىدارىنىڭ زامانىۋىلىشىشىنى ئالغا سىلجىتىشنى كاپالەت قىلىپ، ئۇزاق كەلگۈسى پىلان ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنىپ، ئاساسنى پۇختىلاش تەدبىرلىرىنى كۆپرەك قوللىنىپ، تىرىشىپ ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشىمىز كېرەك. (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىمىز

### — باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى كادىرلار، ئاممىنى ئىلھاملاندۇرۇپ، ئالغا ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۈردى

□ شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى

«شىنجاڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشتە، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، شىنجاڭ خىزمىتى باش نىشانىنى مەھكەم ئىگىلەپ، شىنجاڭنى قانۇن بويىچە ئىدارە قىلىپ، شىنجاڭنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ مۇقىم قىلىپ، شىنجاڭنى مەدەنىيەت ئارقىلىق ئوزۇقلاندۇرۇپ، خەلقنى بېيىتىپ شىنجاڭنى روناق تاپقۇزۇپ، شىنجاڭنى ئۇزاققىچە گۈللەندۈرۈش كېرەك».

باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا قىلغان مۇھىم سۆزى كادىرلار، ئامما ئارىسىدا كۈچلۈك ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك مۇنداق بىلدۈردى: باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پىروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ياخشى تۇتۇپ، شىنجاڭ خىزمىتىنىڭ باشتىن ـ ئاخىر توغرا يۆنىلىشنى بويلاپ ئالغا ئىلگىرىلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىمىز.

2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ جاپالىق تىرىشىشى ئارقىلىق، شىنجاڭ خىزمىتىدە مۇھىم، زور نەتىجە ـ ئۇتۇم قولغا كەلتۈرۈلدى.

«بىز ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى لەززەتكە تولدى.» مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى ۋەكىلى، قۇربان تاغىنىڭ ئەۋرىسى رۇقىيەم مەتسەيدى يۇرتى كېرىيە ناھىيەسىدىكى خۇشاللىنارلىق ئۆزگىرىشلەرگە نىسبەتەن بىۋاستە تەسراتقا ئىگە: ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەنلەر مائارىپى تولۇق قاپلاندى؛ تۇرمۇشتا ئىشلىتىلىدىغان توك، تۇرۇبا سۈيى، تور قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى ئۆيلەرگىچە تۇتاشتۇرۇلدى؛ زاۋۇتلار ئىشىك ئالدىمىزدىلا قۇرۇلدى، كەنت ئاھالىلىرى يېقىن ئەتراپتىلا ئىشقا ئورۇنلىشالايدىغان بولدى... (ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## 1663.25 كىلوگىرام!

## گۇچۇڭ دېھقانچىلىق مەيدانى ئۈلگە كۆرسىتىش ئېتىزىدىكى كۆممىقوناقنىڭ مو بېشى ھوسۇلى مەملىكەت رېكورتىنى بۇزۇپ تاشلىدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شيې خۇيبيەن** خەۋەر قىلىدۇ: 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، بىڭتۇەن 6 ـ شىسى گۇچۇڭ دېھقانچىلىق مەيدانىنىڭ كۆممىقوناقنى زىچ تېرىپ يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش پۈتۈن مۇساپىلىك ماشىنىلاشقان يېشىل ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسى بويىچە ئەمەلىي يىغىۋېلىنغان ھوسۇلنى ئۆلچەش ۋە نەق مەيدان كۆرەك يىغىنىدا، يېزا ئىگىلىكى ـ يېزا مىنىستىرلىقىنىڭ كۆممىقوناق مۇتەخەسسىسلەر يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى جۇڭگو يېزا ئىگىلىك پەنلەر ئاكادېمىيەسى زىرائەت ئىلمى تەتقىقات ئورنىنىڭ زىرائەت ئۆستۈرۈش ۋە فىزىئولوگىيەلىك يېڭىلىق يارىتىش كوللېكتىپىنىڭ كۆممىقوناقنى زىچ تېرىپ يۇقىرى ھوسۇل ئېلىش ئۈلگە كۆرسىتىش ئېتىزىدىن ئەمەلىي يىغىۋېلىنغان ھوسۇلنى ئۆلچىدى. (ئاخىرى 3 ـ بەتتە)



يەكەن ناھىيەسى پەكچى يېزىسى ئاچچىق كەنتىنىڭ كەنت ئاھالىلىرى لازا قۇرۇتماقتا(9 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى تارتىلغان). بۇ يىل پەكچى يېزىسى لازا كەسپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنى پائال ئالغا سىلجىتىپ، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىپ كىرىمنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولدى.

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز ۋاڭ جېن فوتوسى

## ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار كۆپ خىل شەكىلدە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى

□ پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرلىرىمىز

«باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزى يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ خىزمىتىگە يېتەكچىلىك قىلىدىغان پىروگراممىلىق خاراكتېرلىك ھۆججەت، شىنجاڭ خىزمىتىدە توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىش، غەلىبىسىرى ئالغا ئىلگىرىلەشكە يېتەكچىلىك قىلىدىغان قۇدرەتلىك ئىدىيەۋى قورال.» ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار، ئورۇنلاردىكى كەڭ كادىرلار، ئامما كۆپ خىل شەكىلدە 3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھى، بولۇپمۇ باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگەندى، تېزلىكتە تىيانشاننىڭ جەنۇبىي ـ شىمالىدا ئۆگىنىش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. كۆپچىلىك بىردەك مۇنداق بىلدۈردى: قەتئىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكەتنى باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى تولۇق، دەل جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇپ، قەتئىي تەۋرەنمەي تۈرلۈك ۋەزىپىلەرنىڭ ئەمەلىيلىشىشىنى ياخشى تۇتۇپ، يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقىشنىڭ قۇدرەتلىك كۈچىنى مۇجەسسەملەيمىز.

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ ئېچىلغانلىق خەۋىرى ئېلان قىلىنىشى بىلەن، شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيەسىدىكى بارلىق كادىرلار بىرىنچى ۋاقىتتا ئۆگىنىش كۈچلۈك دولقۇنى، ۋېيشىن ئاممىۋى نومۇرى قاتارلىقلار ئارقىلىق يىغىنىڭ مەزمۇنىنى ئۆگەندى. بۇ ئاكادېمىيەنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم نەزەرىيە سىستېمىسى تەتقىقات مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، كاندىدات تەتقىقاتچى ساۋ زىڭاڭ چوڭقۇر ھاياجانلانغان ھالدا مۇنداق دېدى: دۆلىتىمىز ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىدىغان باسقۇچتا، (ئاخىرى 4 ـ بەتتە)

# شىنجاڭ ئىقتىسادى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى

پۈتۈن تاراتقۇ مۇخبىرىمىز **شى شىن** خەۋەر قىلىدۇ: رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى تىرىليون يۈەنلىك ئۆتكەلنى بۆسۈپ ئۆتتى، ئۈچ چوڭ ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىنىڭ نەتىجە ـ ئۇتۇمى كۆرۈنەرلىك بولدى، خاس، ئەۋزەل كەسىپلەر تەرەققىي قىلىپ زورايدى، ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا مۇھىم، زور بۆسۈش قولغا كەلتۈرۈلدى، يىپەك يولى ئىقتىساد بەلبېغى يادرولۇق رايونى قۇرۇلۇشىدا پۇختا قەدەم بىلەن يىراققا يۈرۈش قىلىندى... «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ ئىقتىسادى يېڭى پەللىگە كۆتۈرۈلدى.

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، شىنجاڭ باشتىن ـ ئاخىر يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتىگە يېتەكچىلىك قىلدۇرغان قىممەت يۆنىلىشى ۋە ئىدىيەۋى روھ قىلىپ، تەرەققىياتتىكى قىيىن مەسىلىلەرنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ھەل قىلىپ، تەرەققىيات ئەۋزەللىكىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇر يېتىلدۈردى.

ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر مىللەت كادىرلار، ئاممىنى ئىتتىپاقلاشتۇرۇپ، يېتەكلەپ، بىر باش نىشانىنى پۇختا تۇرغۇزۇپ، مۇقىملىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت ئىككى ئاچقۇچلۇق نۇقتىنى چىڭ تۇتۇپ، مۇرەككەپ خىزمەتلەرنى ياخشى ئىشلەش قابىلىيىتىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسنى تىزگىنلەش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈپ، مۇقىملىق پايدىسىنى قوغداپ بېرىپ، تەرەققىياتنى قولغا كەلتۈرۈش ئارقىلىق خەلق رايىنى مۇجەسسەملەپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا ئۈزلۈكسىز تۈرتكە بولدى.

«13 ـ بەش يىل»نىڭ ئالدىنقى تۆت يىلىدا، شىنجاڭنىڭ رايون ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 6.8% ئاشتى. 2017 ـ يىلى تۇنجى قېتىم تىرىليون يۈەنلىك ئۆتكەل بۆسۈپ ئۆتۈلۈپ، 1 تىرىليون 115 مىليارد 987 مىليون يۈەنگە، 2019 ـ يىلى 1 تىرىليون 359 مىليارد 710 مىليون يۈەنگە يەتتى. (ئاخىرى 3 ـ بەتتە)




### رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ «13 ـ بەش يىل»نى سۆزلەش

[ ئىستون سۆزى ]

«13 ـ بەش يىل» مەزگىلى ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشنىڭ ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش باسقۇچى. بەش يىلدىن بۇيان، يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ كۈچلۈك رەھبەرلىكىدە، شىنجاڭ يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنى چوڭقۇر ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشقا تۈرتكە بولۇشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسى ئۈزلۈكسىز كۈچەيدى. بۈگۈندىن باشلاپ، گېزىتىمىز «رەقەم ئارقىلىق شىنجاڭنىڭ ‹13 ـ بەش يىل›نى سۆزلەش» مەخسۇس ئىستونىنى ئېچىپ، «13 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە شىنجاڭنىڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت ھەرقايسى ساھەلىرىدىكى ئىسلاھات، تەرەققىياتتا قولغا كەلتۈرۈلگەن شانلىق مۇۋەپپەقىيەتلەرنى ئەسلەيدۇ ۋە رەتلەيدۇ، دىققەت قىلغايسىزلەر.